ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

ئۆزگەرمەس قەتئىيلىك سولماس ھايات

—— شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ مەسلىھەتچىسى، قوشۇمچە لەنجۇ داشۆسى چىملىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى جاۋ جېنيۇ توغرىسىدا

□ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ مېي، جاۋ شيا

جاۋ جېنيۇ، دۆلەت ئىچىدىكى مەشھۇر مىكولوگىست، ئۆسۈملۈكلەر كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقى مۇتەخەسسىسى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى(ئەسلىدىكى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى)گە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغانىدى، شۇنىڭدىن تارتىپ زەمبۇرۇغ تەتقىقاتى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا 65 يىللىق ئۈزۈلمەس رىشتە باغلاندى.

ئالدىنقى 30 نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا، ئۇ دەرسلىك تۈزۈپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى، ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئەۋرىشكە يىغدى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا ئوقۇتۇشتا بولغان قىزغىنلىقىدىن ۋاز كەچمەي، ئاسپىرانتلارنى خالىس تەربىيەلىدى ھەم دەرسخانىغا قايتىپ دەرس ئۆتتى.

گەرچە 91 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، بىراق جاۋ جېنيۇ زەمبۇرۇغ تەتقىقاتىنى ئەزەلدىن توختىتىپ قويمىدى، ھەر قېتىم مەكتەپنىڭ تېلېفونىدا قىلغان ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندا، دەرھال يېتىپ بېرىپ، پەن تەتقىقات يېتەكچىلىك خىزمىتىگە قاتناشتى.

■ شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇتۇشقا ئاتلىنىش

«كىچىك ۋاقتىمدا قورسىقىم تويمايتتى، ھازىر تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ كەتتى، خاتىرجەم خىزمىتىم بار بولغاندىن كېيىن، چوقۇم تىرىشىشىم، بۇ خىزمەتنى ئوبدان قەدىرلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم» دېدى جاۋ جېنيۇ.

1954 - يىلى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئوقۇتۇشتا ئورتاق قوللىنىلىدىغان دەرسلىك بولماسلىق، تەجرىبىدە ئەۋرىشكە يوق بولۇش، تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى كەمچىل بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. «ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.» ئۇ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەۋاتقان يىللار ئىدى، مۇشكۈل شارائىت ئالدىدا، جاۋ جېنيۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلىدى. كۆپچىلىك چەت ئەل دەرسلىكلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئۆسۈملۈكلەر كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقى تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ دەرسلىك تۈزدى. ئاناتومىيە يىڭنىسى يوق بولسا، جاۋ جېنيۇ كەشتە يىڭنىسىنى چوكىغا قىستۇرۇپ باغلاپ ئاناتومىيە يىڭنىسى ئورنىدا ئىشلەتتى، تېلېفون سىمى ئىچىدىكى پولات سىمنى پىلاتىنا قۇلاقسىمان تۇتقۇچ ئورنىدا ئىشلەتتى، قارىماققا قوپال كۆرۈنىدىغان بۇ ئاددىي ئۈسكۈنىلەر ئوقۇتۇش جەريانىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

كېيىن، شۆيۈەن ئوقۇتقۇچىلاردىن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ دەرسلىك تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى، جاۋ جېنيۇ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ تيانشان، ئالتاي تېغى، بارلىق تېغى قاتارلىق جايلارنىڭ ئورمان رايونلىرىنى ئايلاندى، يەنە كۆپ قېتىم جۇڭغار ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شۇ جايلارنىڭ ئۆسۈملۈك پاتولوگىيەسى ئەھۋالىنى تېگى - تەكتىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

■ قايتىدىن دەرسخانىغا قايتىپ قالدۇق ھارارىتىنى تارقىتىش

1988 - يىلى، جاۋ جېنيۇ پېنسىيەگە چىقىش يېشىغا توشتى، بىراق ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن داۋاملىق خىزمەت ئورنىدا قېلىشنى تاللىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن كومپارتىيە ئەزاسى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرالايدىغان تۇرسام، قانداقمۇ پېنسىيەگە چىقالايمەن».

جاۋ جېنيۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ يېمەكلىك زەمبۇرۇغ تەزكىرىسى» «شىنجاڭ ئاق توزان زەمبۇرۇغى تەزكىرىسى» قاتارلىق 14 مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇرۇپ، كۆپ قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈردىكى چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، يەنە لەنجۇ داشۆسى تەرىپىدىن پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىندى.

2003 - يىلى، جاۋ جېنيۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىدە ماگىستىر يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن لەنجۇ داشۆسىدىكى پروفېسسورلۇق خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. «مېنىڭ زەمبۇرۇغنى تۈرگە ئايرىش ئىلمىي خىزمەتچىسى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىمنى شۆيۈەننىڭ يېتىشتۈرۈشى ۋە قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، مەكتەپنىڭ ھازىر قىيىنچىلىقى بار، مېنىڭ قايتىپ كېلىشىم تەبىئىي» دېدى ئۇ.

75 ياشقا كىرگەن جاۋ جېنيۇ دەرسخانىغا قايتىپ، ھەر ھەپتىدە بىر سائەتتىن تۆت سائەتكىچە دەرس ئۆتۈشنى خالىس ئۈستىگە ئالدى، يەنە ئاسپىرانتلارنىڭ تەجرىبە مەشغۇلاتى ۋە تېما تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

«جاۋ جېنيۇ مۇئەللىم ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇپ، بىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە.» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ بەيشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقاندا جاۋ جېنيۇنى ئۇستاز تۇتقان ئىكەن، «پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن پۇتى ئاغرىغاچقا مۇئەللىم دەرس ئۆتكەندە ھاسىغا تايانمىسا بولمايتتى، بىراق يەنىلا دائىم بىزنى باشلاپ سىرتتا چىقىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئەۋرىشكە يىغاتتى، ئۇ شىنجاڭدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ كېسەللىك زىيانداشلىقى تۈر - تېپىلىرىنى، تارقىلىش ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدۇ».

■ ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەي خىسلىتىنى نامايان قىلىش

دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، جاۋ جېنيۇ قانداق قىلىپ نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى زەمبۇرۇغ تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزچىل ئويلاندى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئۆسۈملۈك ئاسارىغۇچى خادىملار ۋە تېخنىك خادىملاردا سۈرەت بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن زىرائەت كېسەللىك زىيانداشلىقىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ كەملىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ باشقا مەكتەپلەردىكى تەتقىقاتچى خادىملار ۋە ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئوت - چۆپ تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كېسەللىك زىيانداشلىقىغا دىياگنوز قويۇش قوللانمىسى» «شىنجاڭ ئۆسۈملۈك كېسەللىك زىيانداشلىقىنى پەرقلەندۈرۈش قوللانمىسى» قاتارلىق ئالتە پارچە يانغا ئېلىپ يۈرگىلى بولىدىغان «يانچۇق كىتابى»نى ھەمكارلىشىپ تۈزۈپ چىقتى.

2016 - يىلى، جاۋ جېنيۇنىڭ پۇت ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ كەتتى، مەكتەپ ئۇنى ئائىلىسىدە دەم ئېلىشقا كۆپ قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا كىچىك تىپتىكى ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتنى ھەيدەپ مەكتەپكە بېرىپ، زەمبۇرۇغ پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. جاۋ جېنيۇ زەمبۇرۇغ تەتقىقاتىنىڭ مەڭگۈ ئاخىرى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ زەمبۇرۇغنى تەتقىق قىلىش ئارزۇسى توختاپ قالمىدى.

«مېنىڭ ئېرىشكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىنىڭ مەھسۇلى، مەن نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەھرىرلەپ رەتلەپ چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىپ قوللىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ، بۇ پەن تەتقىقات خىزمىتى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئۈزلۈكسىز بەخت يارىتىمەن» دېدى جاۋ جېنيۇ.

پۇقرالارنىڭ ئىشى چوڭ ئىش

—— پەيزاۋات ناھىيەسى جامباز يېزىسى ئەگتېرەك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تاجىگۈل سابىر توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

پەيزاۋات ناھىيەسى جامباز يېزىسى ئەگتېرەك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، 36 ياشلىق تاجىگۈل سابىر قىسقا چېچىنى بوغۇپ، ئاددىي - ساددا كىيىنىپ يۈرىدىغان، ئىشنى چاققان، كەسكىن قىلىدىغان ئايال بولۇپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ نەزىرىدە ئۇ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كادىر.

■ كەنت ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئۇنىڭغا جاسارەت بېغىشلىدى

گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش، ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش، يۇندى بىر تەرەپ قىلىش، ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق جەڭ، تاجىگۈل يېتەكچىلىك قىلغان كەنت «ئىككى كومېتېت» بەنزىسى بۇ جەڭلەردە باتۇرانە كۈرەش قىلماقتا.

ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشى ياخشى ئىش، لېكىن دەسلەپتە كەنتتىكى 462 ئائىلىلىك كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە ماسلىشالماي، قاراپ بېقىش پوزىتسىيەسىدە بولدى.

«بۇ خىزمەتنى مەن قىلاي.» تاجىگۈل شۇ كۈنى كەچتىلا ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىشنى باشلىدى، چوڭلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئاۋۋال ئەھۋال سوراپ ئاندىن پاراڭلاشتى، تاكى ئۆي ئىگىسىنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكىچە شۇنداق قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ھويلىسىغا ئۈزۈم بارىڭى ياساپ، مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ، كۆكتات تېرىيدىغان يەر ئاچقان ئەخەت ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: «تاجىگۈلنىڭ ئالدىراش يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ھەرقانچە ئاۋارىچىلىك ئىش بولسىمۇ قوشۇلدۇم، ئەمەلىيەتتە ھويلا - ئارانلارنى ئۆزگەرتىش بىز ئۈچۈن ياخشى ئىش».

شۇنداق قىلىپ تاجىگۈل زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ئائىلىمۇئائىلە كىرىپ پىكىر ئالماشتۇردى، ئۆيمۇئۆي خىزمەت ئىشلىدى. «ئەھۋال ئېنىق ئېيتىلسا، كەنت ئاممىسى چۈشىنىدۇ، خىزمىتىمىزنى قوللايدۇ» دېدى تاجىگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىلگىرى، تاجىگۈل كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، شۇڭا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنىڭ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، لېكىن تەشكىلنىڭ ئىشەنچى، كەنت ئاممىسىنىڭ قوللىشى ئۇنىڭغا جاسارەت بېغىشلىدى.

ئاممىنى قەلبىگە پۈككەن تاجىگۈل ئىنتايىن تېزلا پۈتۈن كەنتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەنت ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، بۇ كەنتنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنى پۈتۈن ناھىيە بويىچە «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

■ كەنت ئاممىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى

بۇ يىل 3 - ئايدا، كەنت ئاھالىسى ئابدۇۋەلى ئابدۇرېھىم خوتۇنىنىڭ قوللىشى بىلەن كىچىك پىكاپ سېتىۋالدى. ئۇ ئۇچرىغانلا كىشىگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر تاجىگۈل ماڭا نەسىھەت قىلمىغان، خوتۇنۇمنىڭ خىزمەت تېپىشىغا ياردەملەشمىگەن بولسا، ئاپتوموبىللىق بولالايتتۇقمۇ!»

«شۇنچە كۆپ يىل بىللە ئىشلەپتىمىز، ئۇنىڭ كەنت ئاھالىسىگە ياردەملىشىپ نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلىمەن.» دېدى ئەگتېرەك كەنتى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئاسگۈل تۇردى.

كەنت ئاھالىسى ئابلىكىم تۇرسۇننىڭ ئائىلىسىدە بەش جان بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. تاجىگۈلنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە، ئابلىكىم كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىپلا قالماي، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالىدىغانلار قاتارىدىن چېكىنىپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پەقەت قانۇنلۇق، توغرا، كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ئىش بولسىلا، تاجىگۈل بارلىق ئاماللار بىلەن، ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ئۇلارغا ياردەملىشىپ ياخشى بېجىرىپ بېرىدۇ.

بۇ يىللاردا، ئەگتېرەك كەنتى «ئىككى كومېتېت»ى تاجىگۈلنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېزا - بازار ۋە سانائەت باغچە رايونىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، زاكاز تىپىدىكى بېيىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، كەنتتىكى 170 كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

■ كەنت ئاھالىسىنىڭ بېيىش يولى بارغانسېرى كېڭەيدى

«ئاممىنى قەلبىمىزگە پۈكۈپ، خىزمەتتە ئاممىغا تايىنىپ، ھەممىدە ئاممىنى ئويلىساق، ئامما ئاندىن بىزنى قوللايدۇ، ئېتىراپ قىلىدۇ» دېدى تاجىگۈل، بۇ ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان يەكۈنلىگەن خىزمەت تەجرىبىسى.

كەنتنىڭ يۇندى قويۇپ بېرىش تۇرۇبا تورى شەھەردىكى يۇندى غول تۇرۇبىسىغا تۇتاشتۇرۇلدى، تۇرۇبا سۈيى 10 - ئايدا كەنت ئاممىسىنىڭ ئۆيىگە تۇتاشتۇرۇلىدۇ... ھازىر، تاجىگۈل ئىنتايىن خۇشال.

بۈگۈنكى كۈندە، بەزىلەر كىتاب ئوقۇش ئۆيىگە بېرىپ كىتاب ئوقۇيدۇ، بەزىلەر پائالىيەت ئۆيىگە بېرىپ شاھمات ئوينايدۇ، بەزىلەر تىنچ ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرىدۇ، بەزىلەر يىغىلىپ بىللە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، كەنتنىڭ قىياپىتى ياخشىلاندى، كەنت ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ موللاشتى. تاجىگۈلنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، بۇ بىرقانچە يىلدا ئەگتېرەك كەنتىدە كەنت ئىستىلى دۇرۇس، خەلق ئىستىلى ياخشى، قوشنا - قولۇملار ئىجىل ئۆتىدىغان، كادىرلار بىلەن ئامما ئىناق ئۆتىدىغان خۇشاللىنارلىق مەنزىرە شەكىللەندى.

تاجىگۈل يەنە كەنتتىكىلەرنىڭ كەشتىچىلىك جەمئىيىتى، ياغاچ جابدۇق ياساش ھەمكارلىق كوپېراتىپى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتى شىركىتى قۇرۇشىغا ياردەملىشىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى.

تاجىگۈل ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاممىنى قەلبىگە پۈكۈپ ھەم ئۆزىنىمۇ ئاممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاممىنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلىدى.

ئاھالىلەر، ئاممىنىڭ سىرداشى

—— ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مىچۈەن - دۇڭشەن رايونى كازىۋەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى شۇ شىنجيەن توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

18 يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مىچۈەن - دۇڭشەن رايونى كازىۋەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى شۇ شىنجيەن ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئامانلىق ساقلاش - مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، ئاممىغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، ماجىرالارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس ئەسلىي مەقسەت بىلەن مەھەللە ئاھالىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاھالىلەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بويىچە خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» «مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

■ 18 يىل ئامانلىقنى قوغداش

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، گەرچە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولسىمۇ، بىراق ئۈرۈمچى شەھىرى مىچۈەن - دۇڭشەن رايونى كازىۋەن تەۋەلىك رايونى جۇاكېي مەھەللىسىدىكى دەرەخ سايىسى يەنىلا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى، ياشانغانلار بىرنەچچە تاش ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ شاھمات، قارتا ئويناۋاتاتتى، يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن باللار ۋېلسىپىت مىنىپ ئويناۋاتاتتى. شۇ شىنجيەن مۇخبىرنى باشلاپ مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىنى ئارىلاپ چىقتى، «ھازىر ئولتۇراق مۇھىت ياخشىلاندى، ئامانلىق مۇھىتىمۇ ياخشىلاندى، دېلو يۈز بېرىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن.» شۇ شىنجيەننىڭ سۆزىدىن پەخىرلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

بۇ يىل 56 ياشقا كىرگەن شۇ شىنجيەن 2001 - يىلى قىسمدىن كەسىپ ئالمىشىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا كىرىپ، بۇ جايغا كېلىپ مەھەللە خەلق ساقچىسى بولغان بولۇپ، ھازىرغىچە 18 يىل بولدى. جۇاكېي مەھەللىسى ئەسلىدە شىنجاڭ كۆن - خۇرۇم سانائىتى شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونى بولۇپ، كارخانا تۈزۈم ئۆزگەرتكەندىن كېيىن مەھەللە بولۇپ قۇرۇلغان. ئۇ ئەمدىلا كەلگەندە، جۇاكېي مەھەللىسى ئىجارە ئۆي كۆپ، كۆچمە ئاھالە كۆپ مەھەللە ئىدى.

شۇ شىنجيەن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەھلىل قىلىپ، ئىشنى ئالدى بىلەن ئىجارە ئۆي ۋە كۆچمە ئاھالىنى باشقۇرۇشتىن باشلاپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ، ئامانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى، تۆت يىلغا يېقىن تىرىشىش ئارقىلىق، مەھەللىنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

18 يىلدىن بۇيان، شۇ شىنجيەن مەھەللىدىكى كىچىك بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا بىنا ئۆيلەرگە ئۆزگەرگەنلىكىنى، مۇھىتنىڭ بارغانسېرى ياخشىلانغانلىقىنى، ئاھالىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭمۇ يىلسېرى ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈپ كەلدى. شۇ شىنجيەننىڭ ئېيتىشىچە، ئالدىنقى كۈنلەردە، مەھەللىدە ئىككى قېتىم تېلېگراف ئالدامچىلىقى دېلوسى يۈز بېرىپتۇ، ئالدانغىنى ئەمدىلا كەلگەن كۆچمە ئاھالە ئىكەن. تەشۋىقاتقا ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، تۇرۇشلۇق ئاھالىنىڭ ھەممىسىدە مۇداپىئە ئېڭى پەيدا بولۇپتۇ، ئۇ ئامال قىلىپ يېڭىدىن كۆپەيگەن كۆچمە ئاھالىلەرگە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشنى ئويلاۋېتىپتۇ. تەشۋىقات ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شۇ شىنجيەن مەھەللە كىچىك رادىيو ئۈزېلىنى تېلېگراف ئالدامچىلىقى ۋاسىتىسىنى پەرقلەندۈرۈش ماتېرىيالى بىلەن مەخسۇس تەمىنلەپ، مەھەللىدىكى ئاممىغا ئۈزۈلدۈرمەي تەشۋىق قىلدى.

■ چىن مېھرى بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

مۇخبىر شۇ شىنجيەننى زىيارەت قىلىۋاتقاندا ئاھالىلەر ئۇنى توختىماي ئىزدەپ كەلدى، ئۇلار ئارىسىدا نوپۇس بېجىرىدىغانلار، ئۇنى ماجىرانى مۇرەسسە قىلىشقا ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىدىغانلار، يەنە ئىت بېقىش كىنىشكىسى بېجىرىش ئۈچۈن مەسلىھەت سورايدىغانلار بار ئىدى، ئۇ ئىزدەپ كەلگەن ھەربىر كىشى بىلەن ئوچۇق - يورۇق مۇڭداشتى. شۇ شىنجيەن 18 يىل مەھەللىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ سىرداشىغا ئايلاندى، ئاھالىلەر قىيىنچىلىققا يولۇقسىمۇ، ماجىرا يۈزبەرسىمۇ، بىرىنچى ۋاقىتتا ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ. كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت شۇ شىنجيەننى مۇرەسسە ماھىرىغا ئايلاندۇردى.

يېقىندا، ئۇ يەنە بىر ئائىلە زىددىيىتىنى مۇرەسسە قىلدى. بىر ئاھالىنىڭ چوڭ قىزى پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، لېكىن ئىككى تەرەپ دائىم گەپ تالىشىپ قېلىپ، قىزى ۋە چوڭلار ناھايىتى بىئارام بولغان. شۇ شىنجيەن دائىم بېرىپ بۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، ھەركەتى ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈپ، داۋلى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى تەدرىجىي يەشتى.

شۇ شىنجيەن يەنە دائىم قىيىنچىلىقى بار ئاھالىلەرنىڭ خىزمەت تېپىشىغا ياردەم بەردى. 2015 - يىلى، مەھەللىدىكى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن بىر كىشى خىزمەت تېپىشتا قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، شۇ شىنجيەن تەۋەلىكتىكى كارخانىلار بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى؛ زەھەر تاشلاپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن بىر كىشى شۇ شىنجيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، بىر قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى قايتىدىن ئۇلغايدى؛ مەھەللىدىكى بىر ئاھالە ئاجرىشىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەندە، شۇ شىنجيەن ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى، ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى مېھمانخانىدا ئامانلىق ساقلىغۇچى بولۇشىغا ياردەم بەردى... بۇ يىللاردىن بۇيان، شۇ شىنجيەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەۋەلىكتىكى نەچچە ئون ئاھالىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بەردى.

مەھەللىدە دائىم شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن ئىشلەمچىلىك قىلغىلى كەلگەن كۆچمە ئاھالە بار ئىدى، ئۇلار ئۈرۈمچىگە ئەمدىلا كەلگەچكە، تۇرمۇشى تېخى مۇقىم ئەمەس ئىدى، شۇ شىنجيەن دائىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ يوقلاپ تۇردى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يولۇققاندا، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ سېتىۋېلىپ يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

■ ئاممىنى تۇغقىنىدەك بىلىش

2015 - يىلى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلغاندا، شۇ شىنجيەن ئاھالە جاڭ XXنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى بالىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، جاڭ XXنىڭ ئىشقا ئەتىگەن بېرىپ كەچ قايتىدىغانلىقىنى، چوڭ قىزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى، تۆت ياشتىن ئاشقان كىچىك ئوغلىنىڭ كۈندۈزى ئۆيدە يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئىگىلىدى. بالىنىڭ بەك كىچىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ شىنجيەن بۇ بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ خوتۇنىغا ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن تاپشۇردى.

ئارقىدىن، شۇ شىنجيەن كۆپ تەرەپلىمە ئىزدەپ، بالىنىڭ ئانىسى بىلەن ئالاقىلەشتى، ئانىسى قايتىپ كېلىپ ئوغلىنى ئېلىپ كېتىپ، يېنىدا تۇرغۇزۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. شۇ شىنجيەن «كۆۋرۈك» بولغاچقا، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى.

مەھەللىدىكى ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم كەمچىل بالىلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش شۇ شىنجيەن ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس. مەھەللىگە ئەمدىلا كەلگەندە، ئۇ ئۈچ ياشلىق قەيسەرنىڭ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان دادىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى، ئەھۋالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىنمايدىغانلىقىنى بايقاپ، قەيسەرنى دائىم ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، قەيسەر قورامىغا يېتىپ، تيەنجىندە ئىشقا ئورۇنلاشتى. ھەر يىلى چاغاندا، ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ شۇ شىنجيەن بىلەن بىللە چاغان ئۆتكۈزىدۇ. ئادەتتە، باللارمۇ دائىم شۇ شىنجيەنگە ئۈندىداردا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇنىڭغا ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقتىدا تاماق يەپ، ياخشى ئارام ئېلىشنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. «باللار بەك ئىش ئۇقىدۇ» دېدى شۇ شىنجيەن خۇشال ھالدا.

ئەمما ساقچى ئىشلىرى ئۆيىگە كەلگەندە، شۇ شىنجيەن ھەمىشە بىرىنچى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىشىنى بېجىرىپ بەردى. «ئاممىنى ساقلىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېدى ئۇ.

شۇ شىنجيەن ۋاقتىدا تاماق يېيەلمىگەچكە، ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ دائىم ئالدىراش بولغاچقا، ئائىلىسىگە قارىيالمىدى. «قىزىم قوشكېزەك ئوغۇل تۇغدى، بىر ياشقا كىرەي دەپ قالدى.» شۇ شىنجيەن: لېكىن نەۋرىلىرىمنى كۆتۈرۈش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز، دېدى.

شۇ شىنجيەن مۇنداق دېدى: «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مېنىڭ ئەسلىي مەقسىتىم ۋە بۇرچۇم، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا، مەن پارتىيە ئەزاسىغا خاس نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولۇمنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئامما ئۈچۈن تېخىمۇ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىمەن».